شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالىتى

(بېشى 5 ـ بەتتە)

نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بەردى. يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىگە قارىتا، ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى نۇقتىلىق يولغا قويۇپ، شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، يېزا ـ كەنتلەردە «ھەمراھ زاۋۇت» «نامراتلارنى يۆلەش سېخى» قۇرۇپ، قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېزا ئەمگەك ئىشلىرى ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىغا يار ـ يۆلەك بولۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدى، كەسىپ (سانائەت) باغچە رايونىدا مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇپ، ساياھەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيە ۋە بىڭتۇەندىكى تۆت ئېغىر نامرات تۇەن ـ چاڭغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئۈچ يىللىق يېرىك پىلانىنى يولغا قويدى، 2018 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى جەمئىي 221 مىڭ ئەمگەك كۈچىنىڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بەردى. قەشقەر، خوتەن ئىككى ۋىلايەتتە، شەھەر، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۈچ يىللىق يېرىك پىلانىنى يولغا قويۇپ، 2017 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، جەمئىي 135 مىڭ ئادەمنىڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بەردى. پۈتۈن شىنجاڭدا ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغانلار ۋە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يوق ئائىلىلەرگە قارىتا ھەقىقىي ئىسمى بىلەن ھەرىكەت ھالىتىدە باشقۇرۇش ۋە تۈرگە ئايرىپ دەل جايىدا ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى يولغا قويۇپ، «بىر ئائىلە كۆرۈلسە، شۇ ئائىلىنى بېكىتىش، شۇ ئائىلىگە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش، شۇ ئائىلىنى مۇقىملاشتۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇردى. 2014 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، شەھەر، بازارلاردىكى جەمئىي 334 مىڭ 300 ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغانلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىپ، ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يوق ئائىلىلەرنى 24 سائەت ھەرىكەت ھالىتىدە نۆللەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش پىلانى، ئاساسىي قاتلامدا ئۆسۈپ يېتىلىش پىلانى، «ئۈچكە ياردەم بېرىش، بىرنى يۆلەش» پىلانى، ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ئاتلاندۇرۇش پىلانى قاتارلىقلارنى يولغا قويۇپ، ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەرنى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا، كارخانىلارغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ۋە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلىدى ۋە ئىلھاملاندۇردى. 2019 ـ يىلى، شىنجاڭدىكى شۇ قارارda ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى %90.36كە يەتتى، ئىچكىرى رايونلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزۈپ شىنجاڭغا قايتقان شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى %95.08كە يېتىپ، ھەممىسىدە تارىخىي رېكورت يارىتىلدى.

يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەشنى قوللاپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولدى. يېڭىلىق يارىتىشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشنىڭ يېڭى موتورى قىلىپ، قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئىسلاھاتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، بازار ئىجازىتى بوسۇغىسىنى تۆۋەنلىتىپ، ئىگىلىك تىكلەشكە يار ـ يۆلەك بولۇش سىياسىتىنى سىجىل مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى ۋە ياردەم ئۆسۈمى، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش ياردەم تولۇقلىمىسى، باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئارزۇسى بار، شارائىتى بار ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە مەدەت بەردى. يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش ۋاستىسىنى يېتىشتۈرۈپ، ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمەت ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، بازارلاشقان، كەسپلەشكەن، تورلاشقان ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش بوشلۇقىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنى تېخىمۇ كۆپ ئىگىلىك تىكلەش سۇپىسى ۋە باراۋەرلەشكەن مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭ دۆلەت دەرىجىلىك ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يېتىشتۈرۈش ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىدىن بەشنى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك(بىڭتۇەن دەرىجىلىك) ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يېتىشتۈرۈش ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىدىن 27نى قۇردى، كىچىك، ئۈششاق كارخانىدىن جەمئىي 1412نى يېتىشتۈرۈپ، 10 مىڭ 121 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك يېڭىلىق يارىتىش تىپىدىكى ئىگىلىك تىكلەش كارخانىلىرى ۋە باشلامچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، قوللاپ، «ئالاقە تورى+ ئىگىلىك تىكلەش»نى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھام بېرىپ، ھەقىقىي تۈردە ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇشنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىش ئېففېكتىنى جارى قىلدۇردى. 2019 ـ يىلى، پەقەت خوتەن ۋىلايىتىلا ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلىدىن 910 مىليون يۈەن تارقىتىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار، يېزا ئەمگەك كۈچلىرى، ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغانلار قاتارلىق 12 مىڭ 500 كىشىنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە ياردەم بەردى. سانجى شەھىرىدىكى شياۋ مىن قاتارلىق ئالتە ئايال شۇ جايدىكى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارمىقىنىڭ يار ـ يۆلەك بولۇشى بىلەن، شىنجاڭ جىنگو جۇڭشىن ئادەم كۈچى بايلىقى مۇلازىمەت چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇپ، تەدرىجىي ئادەم كۈچى بايلىقى مۇلازىمىتى، ئەمگەك كۈچى ئەۋەتىش، ئارقا سەپ ئىشلىرىنى ھاۋالىلىك باشقۇرۇش، سىياسەت جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك كەسىپلەرنى بىر گەۋدە قىلغان ئەمگەك ئىشلىرى كەسىپ ـ تەمىنلەش زەنجىرىدىكى باشلامچى كارخانا بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدى، ھەر مىللەتتىن بولغان 4800دىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 318 كارخانا، كەسپىي ئورۇننى ئەمگەك ئىشلىرى مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئىشسىزلار، يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن جەمئىي 30 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 156 مىليون يۈەنگە يېتىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈردى. ئەمگەك كۈچى بازىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ مۇقىملىقىنى كۈچەيتىشنى كۆزلەپ، ئالىي كەسپىي تېخنىكا شۆبىلىرى، ئوتتۇرا كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرى، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى، ئىشقا ئورۇنلىشىش بويىچە تەربىيەلەش مەركەزلىرى، كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى تەربىيەلەش مەركەزلىرى، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركەزلىرى قاتارلىق كەسپىي مائارىپ ۋە تەربىيەلەش ئاپپاراتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئاساسىي ئەمگەك ساپاسى بويىچە تەربىيەلەش ۋە زاكاز قىلىش، ئىش ئورنىنى بېكىتىش، نىشانلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان كەسپىي مائارىپ ۋە تەربىيەلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. خوتەن ۋىلايىتىنى مىسالغا ئالساق، 2019 ـ يىلى جەمئىي 103 مىڭ 300 دېھقان ـ چارۋىچى ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەشكە قاتناشتى، 98 مىڭ 300 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتى، ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى %95.16كە يەتتى.

تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتتى. شىنجاڭ جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەر ـ ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئورتاق تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلەيدىغان تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مېخانىزمىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورۇنلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىچكىرى رايونلاردىكى ئۆلكە(شەھەر)لەرگە بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا پائال شارائىت يارىتىپ بەردى. 2014 ـ يىلدىن بۇيان، 117 مىڭ ئادەم كىرىمى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ئىچكىرى رايونلاردىكى ئۆلكە(شەھەر)لەرگە يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى. شىنجاڭ «ئېھتىياجغا قاراپ تەربىيەلەش، ئاۋۋال تەربىيەلەپ، ئاندىن چىقىرىش پرىنسىپى» بويىچە، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، شەھەر تۇرمۇشى ساۋاتلىرى، ئەمگەك ماھارىتى قاتارلىقلارنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئىشقا ئورۇنلىشىش بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇردى. يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانلار ئىشقا ئورۇنلاشقان جايغا بارغاندىن كېيىن، كارخانىلار ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ، يوتقان ـ كۆرپە، يۇيۇش ـ چايقاش بۇيۇملىرى قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئىشلەمچىلەرنىڭ ياتاق شارائىتىغا كاپالەتلىك قىلدى. قىسمەن ئۆلكە(شەھەر)لەردىكى كارخانىلار يەنە ئىشلەمچىلەرنى ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيى، ئەرزان ئىجارىلىك ئۆي، ئەر ـ خوتۇن ئۆيى بىلەن تەمىنلىدى. شىنجاڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانلار ئۈچۈن باشقا جايدا ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئەنگە ئالدۇرۇش رەسمىيىتىنى ۋاقتىدا بېجىرىپ، يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ شۇ جايدا كېسەل كۆرسىتىش، داۋالىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئىچكىرى رايونلاردىكى ئۆلكە(شەھەر)لەر ۋە كارخانىلار يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى يەسلىگە كىرگۈزۈش، مەكتەپتە ئوقۇتۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ۋاقتىدا ياردەم بېرىپ، ئىشلەمچىلەرنىڭ شۇ جايدىكى ئامما بىلەن ئورتاق ئىشلەش، ئورتاق ئۆگىنىش، ئورتاق بەھرىلىنىش، ئورتاق كۆڭۈل ئېچىشىغا تۈرتكە بولدى.

يۇقۇم قىيىنچىلىقىنى يېڭىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇپ خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئېلىپ كەلگەن پايدىسىز تەسىرگە قارىتا، شىنجاڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش، پۇل مۇئامىلىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇش، سېلىنمىنى مۇقىملاشتۇرۇش، كۆزلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاشلىق، ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنات زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۈكنى يېنىكلىتىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك تەدبىرنى يولغا قويۇپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك، قاراتمىلىقى بولغان باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىشىگە پائال تۈرتكە بولۇپ، سودىنى، بازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىپ، مەبلەغ سېلىش ۋە كەسىپ ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ ئۆستۈردى. 2020 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە كارخانىلارنىڭ كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق، ئىشتا يارىلىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى جەمئىي 7 مىليارد 553 مىليون يۈەن كېمەيتىلدى، كەچۈرۈم قىلىندى، چوڭ تىپتىكى كارخانىلاردىن 1 مىليارد 895 مىليون يۈەن ھەقنى يېرىم كېمەيتىپ ئالدى، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلاردىن ئېلىنىدىغان 5 مىليارد 658 مىليون يۈەن ھەقنى تولۇق كەچۈرۈم قىلدى. قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارنىڭ 706 مىليون يۈەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇشنى تەستىقلاپ، 1237 كارخانىغا نەپ يەتكۈزدى. 83 مىڭ 100 كارخانىغا 904 مىليون يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتا ھەققىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، 1 مىليون 836 مىڭ 100 ئىشچى ـ خىزمەتچىگە نەپ يەتكۈزدى. 552 مىڭ 400 ئادەم 1 مىليارد 695 مىليون يۈەن تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولدى. شەھەر، بازارلاردا 339 مىڭ 700 ئادەم يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتى، 41 مىڭ 800 ئادەم يېڭىدىن ئىگىلىك تىكلەپ، 69 مىڭ 500 ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى، ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغان خادىملاردىن 31 مىڭ 600 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتى. يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچىدىن 2 مىليون 565 مىڭ ئادەم قېتىم يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %46.1 ئاشتى. كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىش ئارقىلىق، شىنجاڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش شارائىتىدا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

ئۈچىنچى، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسىغا تولۇق ھۆرمەت قىلدى

شىنجاڭ باشتىن ـ ئاخىر ئەمگەكچىلەرنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى تۈزۈش، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنىنى ئېچىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىپ، كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزى ئىگە بولۇپ، ئۆزى ئىختىيار قىلىپ، كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئەمگەك كۈچى بايلىقى ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلىدى. ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىشسىزلىقنى ئىستاتىستىكا قىلىش كۆرسەتكۈچى سىستېمىسىنى سىجىل مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئەمگەك كۈچى بايلىقىنى نۇقتا بېكىتىپ كۆزىتىش ـ ئۆلچەش، كارخانىلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىشىنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەش ۋە ئادەم كۈچى بايلىقى بازىرىدىكى تەمىنلەش ـ ئېھتىياج ئەھۋالىنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەشنى يولغا قويۇپ، ئىشسىزلىقنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، يېزا ـ بازار(كوچا)لاردىكى ئەمگەك كاپالەت ئورنى، كەنت(مەھەللە)لەردىكى ئەمگەك كاپالەت خىزمىتى پونكىتىغا تايىنىپ، تەۋەلىكىدىكى ئەمگەك كۈچىنىڭ سانى، يېشى، جىنسى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى قاتارلىق ئاساسىي ئۇچۇرلارنى ئېنىقلاپ، كۆزىتىش ـ ئۆلچەش ۋە تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى ۋە يېرىك پىلانىنى تۈزدى. تەكشۈرۈشتە كۆرسىتىلىشىچە، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن شىنجاڭدىكى يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچى 2 مىليون 590 مىڭ 300 ئادەم، بۇنىڭ ئىچىدە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكىسى 1 مىليون 654 مىڭ 100 ئادەم بولۇپ، %63.86نى ئىگىلىگەن.

ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسى ۋە ئېھتىياجىنى ۋاقتىدا ئىگىلىدى. تېخىمۇ قاراتمىلىققا ئىگە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسىنى تەكشۈرۈشنى قەرەللىك قانات يايدۇرۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشقان جايى، ئىش ئورنى، ئىش ھەققى تەمىناتى، خىزمەت شارائىتى، تۇرمۇش مۇھىتى، تەرەققىيات ئىستىقبالى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئېھتىياجىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، تىرىشىپ ئادەم بىلەن ئىش ئورنىنى دەل جايىدا ماسلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. تەكشۈرۈلۈشچە، 2020 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن ناھىيەسى گۈلباغ بازىرى ئۈيباغ كەنتىدە جەمئىي 3540 ئادەم بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەمگەك ئىقتىدارى بار 1509 ئادەم ئارىسىدا، 1288 ئادەمنىڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسى بار بولۇپ، %85نى ئىگىلىگەن. بۇ ئادەملەر ئارىسىدىكى 923 ئادەم زاۋۇت سېخلىرىغا بېرىپ خىزمەت قىلىشنى ئارزۇ قىلغان، ئوتتۇرىچە ئايلىق ئىش ھەققىنىڭ 5000 يۈەن ئەتراپىدا بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان؛ 365 ئادەم سىرتلارغا چىقىپ نان يېقىش، يېمەك ـ ئىچمەك، قۇرۇق مېۋە تىجارىتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇنى قويۇش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئارزۇ قىلغان. 2019 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خوتەن ناھىيەسى باغچى بازىرىنىڭ ئۈچ كەنتىدە جەمئىي بار بولغان نوپۇس 5307 ئادەم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەمگەك ئىقتىدارى بار بولغان 1699 ئادەم ئارىسىدا 1493 ئادەمنىڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسى بار بولۇپ، %88نى ئىگىلىگەن؛ 180 ئادەم ئۆز جايىدا قېلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئارزۇ قىلغان، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ياكى كەنت قۇرغان زاۋۇت، نامراتلارنى يۆلەش ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىغا بېرىپ خىزمەت قىلىشنى ئۈمىد قىلغان، ئوتتۇرىچە ئايلىق ئىش ھەققىنىڭ 3000 يۈەن ئەتراپىدا بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان؛ باشقا 26 ئادەم ئۆز جايىدا ئىگىلىك تىكلەپ، ئەشيا ئوبوروتى ترانسپورتى، مۈلۈك باشقۇرۇش، ئائىلە مۇلازىمىتى، بىناكار قۇرۇلۇش، چاچ گۈزەللەشتۈرۈش، يېمەك ـ ئىچمەك، سودا ـ ساراي، تالالا بازىرى قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئۈمىد قىلغان. ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسىنى ئىگىلەش ئارقىلىق، خاسلىق ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تەرتىپلىك يۆتكىلىشىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ مۇقىملىقى ۋە رازى بولۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرگەن.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇچۇر سۇپىسىنى پائال بەرپا قىلدى. كەڭ دائىرىدە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئىش ئورنى تەمىنلەش ـ ئېھتىياج ئۇچۇرلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ، ئۇچۇرلاشقان تېخنىكا ۋاستىلىرىگە تايىنىپ، ئادەم كۈچى بايلىقى بازىرى، ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت ئاپپاراتى، ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت تورى سۇپىسى، رادىئو، تېلېۋىزىيە، كەنت ـ مەھەللە تەشۋىقات تاختىسى قاتارلىق يوللار ئارقىلىق ۋاقتىدا ئاشكارا ئېلان قىلىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئەركىن كەسىپ تاللىشىنى ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. مەسىلەن، ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى كۆزنەك تور پونكىتى، ۋېيشىن ئاممىۋى سۇپىسى قاتارلىقلارنى ۋاستە قىلىپ، ئىش ئورنى ئۇچۇرى ۋە خىزمەت ئىزدەش ئۇچۇرىنى مەركەزلىك ئېلان قىلىپ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن بىلەن ئەمگەكچىلەر ئارىسىدا قوش يۆنىلىشلىك تاللاش سۇپىسى بەرپا قىلدى. 2014 ـ يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ۋىلايەت تۈرلۈك خىزمەتچى تەكلىپ قىلىش يىغىنىدىن 621 مەيدان قېتىم تەشكىللەپ، 4953 كارخانىنى قاتنىشىشقا جەلپ قىلىپ، 145 مىڭدىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەپ، 38 مىڭ 600 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئايكۆل بازىرىدىكى نامرات ئاھالە ھەببۇللا مامۇت تەكلىپ قىلىش يىغىنى ئارقىلىق خاڭجوۋدىكى بىر ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى كارخانىسىنىڭ ئىشچى ئىشلىتىش ئۇچۇرىنى ئىگىلەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكلىپ قىلىشقا قاتناشتى، قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن شۇ يىللىق كىرىمى 55 مىڭ يۈەن بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

(ئاخىرى 7 ـ بەتتە)